# دۆلەت ئوردېنى ۋە دۆلەت شەرىپى نامى بېرىش مۇراسىمىدا قىلىنغان سۆز

**(2019 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى)**

## شى جىنپىڭ

**يولداشلار، دوستلار:**

بۈگۈن پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلق جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى ئورتاق تەبرىكلەۋاتقان پەيتتە، بىز بۇ يەردە داغدۇغىلىق مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي شەرىپىنى دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇش ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان كۆزگە كۆرۈنگەن زاتلار ۋە جۇڭگو بىلەن چەت ئەللەرنىڭ ئالماشتۇرۇش ـ ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان خەلقئارادىكى دوستلارغا بەردۇق.

ئالدى بىلەن مەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى، گوۋۇيۈەن ۋە مەركىزىي ھەربىي كومىتېتقا ۋاكالىتەن بۈگۈن «جۇمھۇرىيەت ئوردېنى» ۋە دۆلەت شەرىپى نامىغا ئېرىشكەن قەھرىمان نەمۇنىچىلار، «دوستلۇق ئوردېنى»غا ئېرىشكەن خەلقئارادىكى دوستلارنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن! ئۇلارغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن!

بۈگۈن تەقدىرلەنگەن دۆلەت ئوردېنى ۋە دۆلەت شەرىپى نامىغا ئېرىشكۈچىلەر پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان كۆزگە كۆرۈنگەن مىليونلىغان زاتلارنىڭ ۋەكىلى. ئۇلارنىڭ جىسمىدا جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ روھى ۋە سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشى جانلىق گەۋدىلەنگەن، ئۇلارنىڭ ئىش ئىزلىرى ۋە تۆھپىسى جۇمھۇرىيەتنىڭ تارىخ سەھىپىسىگە مەڭگۈلۈك پۈتۈلدۇ!

قەھرىمانلارنى قەدىرلىگەندىلا ئاندىن قەھرىمانلار مەيدانغا كېلىدۇ، قەھرىمانلاردىن بولۇشقا تىرىشقاندىلا ئاندىن قەھرىمانلار كۆپلەپ مەيدانغا كېلىدۇ. پارتىيە ۋە دۆلەت قەھرىمان نەمۇنىچىلارنى تەقدىرلەشكە ئەزەلدىن يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. بۈگۈن بىزنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئۆلچەمدە قەھرىمان نەمۇنىچىلارنى تەقدىرلىشىمىز، مۇكاپاتلىشىمىز دەل ئۇلارنىڭ جىسمىدا نامايان بولغان سادىق بولۇش، قەيسەر بولۇش، ئاددىي ـ ساددا بولۇشتەك روشەن پەزىلەتنى ئەۋج ئالدۇرۇش ئۈچۈندۇر.

—— سادىق بولۇش دەل قەھرىمان نەمۇنىچىلارنىڭ ھەممىسى پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن ئىرادىنى قەتئىي ساقلاپ، ئېگىلمەي ـ سۇنماي، جان ـ دىلى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش غايە ـ ئېتىقادىنى چىڭ ساقلاپ، جۇڭگو خەلقىنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش، جۇڭخۇا مىللىتىنى گۈللەندۈرۈش ئەسلىي مەقسىتى، بۇرچىنى چىڭ ساقلاپ، بىر ئۆمۈر تىرىشىپ يەر ـ جاھاننى لەرزىگە سالغان قەھرىمانلىق جاسارىتى ناخشىسىنى پۈتۈشتۇر.

—— قەيسەر بولۇش دەل قەھرىمان نەمۇنىچىلارنىڭ ھەممىسى پارتىيە ۋە خەلق ئەڭ ئېھتىياجلىق جايدا باتۇرلۇق بىلەن كۆرەش قىلىپ، قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشىپ، نەچچە ئون يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزۈپ باش چۆكۈرۈپ جاپاغا چىداپ ئىشلەپ، دۆلەت ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاشتەك ئىرادىسىدىن قەتئىي تەۋرەنمەي، كەسپىدە ئۆكۈنمەي چىڭ تۇرۇپ، مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن جان تىكىپ كۆرەش قىلىشتەك ساپ قەلبىنى باشتىن ـ ئاخىر ئۆزگەرتمەسلىكتۇر.

—— ئاددىي ـ ساددا بولۇش دەل قەھرىمان نەمۇنىچىلارنىڭ ھەممىسى ئاددىي خىزمەت ئورنىدا ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا خىزمەت قىلىپ، شەخسىيەتسىز ئۆزىنى بېغىشلاپ، شەخسنىڭ پايدا ـ زىيىنى بىلەن ھېسابلاشماي، شەخسىي مەنپەئىتىنى قۇربان قىلىپ كوللېكتىپنى ئويلاپ، تۆھپىدە مەن بولمىسام بولمايدۇ، تۆھپە قوشۇشتا چوقۇم مەن بولۇشۇم كېرەك دېگەن يۈكسەك روھقا ئىگە بولۇشتۇر، بۇنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇن يولداشنىڭ ھەممىسى نام ـ شەرىپىنى يوشۇرۇپ، يەر ـ جاھاننى زىلزىلىگە سالغان ئىشلارنى قىلغان تىپلار بولۇپ، بىر خىل ئۇلۇغ ئۆزىنى ئۇنتۇش مەنزىلىنى نامايان قىلدى.

قەھرىمان نەمۇنىچىلار ئۆز ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۇلۇغ نەتىجىنىڭ ئادەتتىكى ئىشتىن باشلىنىدىغانلىقىنى، ئاددىي ئىشلارنىڭ ئۇلۇغ نەتىجىلەرنى بارلىققا كەلتۈرىدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى. پەقەت قەتئىي غايە ـ ئېتىقاد، بوشاشماي كۆرەش قىلىش روھى بولسىلا، ھەربىر ئاددىي ئىشنى پۇختا، ياخشى قىلسىلا، بارلىق ئاددىي كىشىلەرنىڭ ھەممىسى قالتىس كىشىلىك ھاياتقا ئېرىشەلەيدۇ، بارلىق ئاددىي خىزمەتلەردە قالتىس نەتىجىلەرنى ياراتقىلى بولىدۇ.

تەقدىرلەشكە ئېرىشكەن يولداشلارنىڭ شەرىپىنى قەدىرلەپ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قىلىپ، مۇستەھكەم ئېتىقادى، غايىسى، ئىشەنچى بىلەن تېخىمۇ كۆپ كىشىگە تەسىر كۆرسىتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر قەھرىمان نەمۇنىچىلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ، غەمخورلۇق قىلىپ، كۆيۈنۈپ، پۈتۈن جەمئىيەتتە قەھرىمانلارنى ھۆرمەتلەش، قەھرىمانلاردىن ئۆگىنىشكە تۈرتكە بولۇپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق «ئىككى 100 يىل»لىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈچ قوشۇشى كېرەك.

يولداشلار، دوستلار!

بۈگۈن تەقدىرلەشكە ئېرىشكەنلەردىن يەنە ئۇزاق مۇددەت بىزنى قوللىغان ۋە بىزگە ياردەم بەرگەن جۇڭگو خەلقىنىڭ قەدىناس دوستلىرى، ياخشى دوستلىرى بار. بىز ئۇلارنىڭ جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن قوشقان تۆھپىلىرىگە چىن قەلبىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز! جۇڭگو خەلقى دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرى بىلەن بىرلىكتە، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسىنى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇپ، بىزنىڭ بۇ پىلانىتىمىزنى بارغانسېرى گۈزەللەشتۈرۈشنى خالايدۇ.

يولداشلار، دوستلار!

بارلىق ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ ھەممىسى داۋاملىق كۆرەش قىلىشنىڭ نەتىجىسى، بارلىق ئۇلۇغ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئېچىش داۋامىدا ئالغا سىلجىتىشقا ئېھتىياجلىق. يېڭى دەۋر مۇقەررەركى، پارلاق ئىستىقبالغا ئىگە دەۋر. پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلق قەھرىمان نەمۇنىچىلارغا ئوخشاش قەتئىي بولۇپ، قەھرىمان نەمۇنىچىلارغا ئوخشاش كۆرەش قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەيۋەتلىك زەپەر مارشىنى ئورتاق پۈتۈشى كېرەك!

كۆپچىلىككە رەھمەت!

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىدىن لى كېچياڭ، لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، دۆلەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ چىشەن دۆلەت ئوردېنى ۋە دۆلەت شەرىپى نامى بېرىش مۇراسىمغا قاتناشتى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ۋاڭ خۇنىڭ رىياسەتچىلىك قىلدى.

سائەت 9لاردا، دۆلەت ئوردېنى ۋە دۆلەت شەرىپى نامىغا ئېرىشكۈچىلەر كوللېكتىپ ھالدا مېھمان كۈتۈش ئاپتوموبىلىغا ئولتۇرۇپ تۇرار جايىدىن يولغا چىقتى، دۆلەت مېھمانلىرىنى قوغداش قاراۋۇللار ئەترىتى مۇھاپىزەت قىلىپ خەلق سارىيىغا ماڭدى. خەلق سارىيىنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى سىرتىدا، قىزىل بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرغان ھۆرمەت قاراۋۇللىرى يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە سەپ بولۇپ تۇراتتى، قورallىق ھۆرمەت قاراۋۇللىرى پەلەمپەيدە ھەيۋەت بىلەن تۇراتتى، ياشلار، ئۆسمۈرلەر قىزغىن ئالقىش ياڭرىتىپ ئېھتىرام بىلدۈردى. دۆلەت ئوردېنى ۋە دۆلەت شەرىپى نامىغا ئېرىشكۈچىلەر قىزىل پاياندار سېلىنغان پەلەمپەيدىن چىقىپ، خەلق سارىيىنىڭ شەرقىي دەرۋازىسىغا كىردى. پارتىيە ۋە دۆلەت تۆھپە، شەرەپنى تەقدىرلەش خىزمەت كومىتېتىدىكى رەھبىرىي يولداشلار بۇ يەردە ئۇلارنى كوللېكتىپ كۈتۈۋالدى.

خەلق سارىيىنىڭ ئالتۇن رەڭلىك زالىدا، كەيپىيات قىزغىن، ھەيۋەتلىك ئىدى. چوڭ قىزىل رەڭلىك ئارقا كۆرۈنۈش تاختىسىدا، جۇمھۇرىيەت ئوردېنى، دوستلۇق ئوردېنى، دۆلەت شەرىپى نامى مېداللىرىنىڭ سۈرىتى كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇراتتى. ئارقا كۆرۈنۈش تاختىسىنىڭ ئالدىدا، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان 18 دانە بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق ئىككى تەرەپكە تىزىلغانىدى، ئازادلىق ئارمىيە ھۆرمەت قاراۋۇلى ئەترىتىنىڭ 18 نەپەر قەددى ـ قامەتلىك ھۆرمەت قاراۋۇلى قەددىنى رۇسلاپ دۆلەت ئوردېنى ۋە دۆلەت شەرىپى نامى بېرىش سۇپىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە مىلتىق تۇتۇپ تىك تۇراتتى.

سائەت 9دىن 58 مىنۇت ئۆتكەندە، شادىيانە مۇزىكا ساداسى ئىچىدە، شى جىنپىڭ دۆلەت ئوردېنى ۋە دۆلەت شەرىپى نامىغا ئېرىشكۈچىلەر بىلەن بىللە يىغىن مەيدانىغا كىردى، ھەممەيلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، قىزغىن ئالقىش ياڭراتتى.

سائەت دەل 10دا، دۆلەت ئوردېنى ۋە دۆلەت شەرىپى نامى بېرىش مۇراسىمى باشلاندى. ئازادلىق ئارمىيە ھەربىي ئوركېستىرى «پېدائىيلار مارشى»نى ئورۇنلىدى، پۈتۈن مەيداندىكىلەر جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت شېئىرىنى ئۈنلۈك ئېيتتى.

ۋاڭ خۇنىڭ شى جىنپىڭ ئىمزا قويغان جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى رەئىسىنىڭ پەرمانىنى ئوقۇدى. رەئىس پەرمانىدا مۇنداق كۆرسىتىلدى: جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش، يېڭى جۇڭگونىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان تۆھپىكار نەمۇنىچى شەخسلەرنى داغدۇغىلىق تەقدىرلەش، مىللىي روھ ۋە دەۋر روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇش ئۈچۈن، 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 13 ـ قېتىملىق يىغىنىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، يۈ مىن قاتارلىق سەككىز كىشىگە جۇمھۇرىيەت ئوردېنى بېرىلدى، رائۇل كاسترو رۇز قاتارلىق ئالتە كىشىگە دوستلۇق ئوردېنى بېرىلدى، يې پېيجيەن قاتارلىق 28 كىشىگە دۆلەت شەرىپى نامى بېرىلدى.

ئىككى نەپەر بايراق قوغدىغۇچى بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئۈچ نەپەر ھۆرمەت قاراۋۇلى قولىدا جۇمھۇرىيەت ئوردېنى، دوستلۇق ئوردېنى ۋە دۆلەت شەرىپى نامى مېدالىنى كۆتۈرۈپ، مەردانە قەدەملەر بىلەن، مۇراسىم مەيدانىغا كىرىپ كەلدى.

ھەيۋەتلىك، جۇشقۇن «ۋەتەنگە ئېھتىرام» مۇزىكا ساداسى ئىچىدە، شى جىنپىڭ دۆلەت ئوردېنى ۋە دۆلەت شەرىپى نامىغا ئېرىشكۈچىلەرگە بىر ـ بىرلەپ ئوردېن، مېدال بەردى ھەم ئۇلار بىلەن سەممىمىي قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، تەبرىكلىدى، پۈتۈن مەيداندا قىزغىن ئالقىش سادالىرى ئۈزۈلمەي ياڭرىدى. پىيونېرلار تۆھپىكار نەمۇنىچى شەخسلەرگە چىرايلىق گۈللەرنى تەقدىم قىلىپ، سالام بېرىپ ھۆرمەت بىلدۈردى.

پۈتۈن مەيداندىكى قىزغىن ئالقىش سادالىرى ئىچىدە، شى جىنپىڭ مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ ئالدى بىلەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى، گوۋۇيۈەن ۋە مەركىزىي ھەربىي كومىتېتقا ۋاكالىتەن، بۈگۈن جۇمھۇرىيەت ئوردېنىغا ئېرىشكەن قەھرىمان نەمۇنىچىلار، دوستلۇق ئوردېنىغا ئېرىشكەن خەلقئارادىكى دوستلارنى قىزغىن تەبرىكلىدى، ئالىي ئېھتىرام بىلدۈردى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۈگۈن تەقدىرلەنگەن دۆلەت ئوردېنى ۋە دۆلەت شەرىپى نامىغا ئېرىشكۈچىلەر پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان كۆزگە كۆرۈنگەن مىليونلىغان زاتلارنىڭ ۋەكىلى. ئۇلارنىڭ جىسمىدا جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ روھى ۋە سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشى جانلىق گەۋدىلەنگەن، ئۇلارنىڭ ئىش ئىزلىرى ۋە تۆھپىسى جۇمھۇرىيەتنىڭ تارىخ سەھىپىسىگە مەڭگۈلۈك پۈتۈلدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پارتىيە ۋە دۆلەت ئەزەلدىن قەھرىمان نەمۇنىچىلارنى تەقدىرلەشكە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. بۈگۈن بىزنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئۆلچەمدە قەھرىمان نەمۇنىچىلارنى تەقدىرلىشىمىز، مۇكاپاتلىشىمىز، دەل ئۇلارنىڭ جىسمىدا نامايان بولغان سادىق بولۇش، قەيسەر بولۇش، ئاددىي ـ ساددا بولۇشتەك روشەن پەزىلەتنى ئەۋج ئالدۇرۇش ئۈچۈندۇر. قەھرىمان نەمۇنىچىلارنىڭ ھەممىسى پارتىيە ۋە خەلق ئىشلىرىدا قەتئىي ئىرادىسىنى ساقلاپ، قەيسەر بولۇپ، ھەممىسى پارتىيە ۋە خەلق ئەڭ ئېھتىياجلىق جايدا باتۇرلۇق بىلەن كۆرەش قىلىپ، قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشتى، ھەممىسى ئاددىي خىزمەت ئورنىدا ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا خىزمەت قىلىپ، شەخسىيەتسىز ئۆزىنى بېغىشلىدى، بۇنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇن يولداشنىڭ ھەممىسى نام ـ شەرىپىنى يوشۇرۇپ، يەر ـ جاھاننى زىلزىلىگە سالغان ئىشلارنى قىلغان تىپلار بولۇپ، بىر خىل ئۇلۇغ ئۆزىنى ئۇنتۇش مەنزىلىنى نامايان قىلدى. تەقدىرلەشكە ئېرىشكەن يولداشلارنىڭ شەرىپىنى قەدىرلەپ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قىلىپ، مۇستەھكەم ئېتىقادى، غايىسى، ئىشەنچى بىلەن تېخىمۇ كۆپ كىشىگە تەسىر كۆرسىتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر قەھرىمان نەمۇنىچىلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ، غەمخورلۇق قىلىپ، كۆيۈنۈپ، پۈتۈن جەمئىيەتتە قەھرىمانلارنى ھۆرمەتلەش، قەھرىمانلاردىن ئۆگىنىشكە تۈرتكە بولۇپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق «ئىككى 100 يىل»لىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈچ قوشۇشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۈگۈن، تەقدىرلەشكە ئېرىشكەنلەردىن يەنە ئۇزاق مۇددەت بىزنى قوللىغان ۋە بىزگە ياردەم بەرگەن جۇڭگو خەلقىنىڭ قەدىناس دوستلىرى، ياخشى دوستلىرى بار. بىز ئۇلارنىڭ جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن قوشقان تۆھپىلىرىگە چىن قەلبىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز. جۇڭگو خەلقى دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرى بىلەن بىرلىكتە، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسىنى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇپ، بىزنىڭ بۇ پىلانىتىمىزنى بارغانسېرى گۈزەللەشتۈرۈشنى خالايدۇ.

مۇراسىمدا، جۇمھۇرىيەت ئوردېنىغا ئېرىشكەن ۋاڭ شۈخۇا، دوستلۇق ئوردېنىغا ئېرىشكەن ماخا چاكرى سىرىندورن دۆلەت ئوردېنى ۋە دۆلەت شەرىپى نامىغا ئېرىشكۈچىلەرگە ۋاكالىتەن سۆز قىلدى.

دۆلەت ئوردېنى ۋە دۆلەت شەرىپى نامى بېرىش مۇراسىمىدىن كېيىن، شى جىنپىڭ قاتارلىق رەھبىرىي يولداشلار كۆپچىلىك بىلەن سۈرەتكە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇردى.

بېيجىڭدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزالىرى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىلىرى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قىسمەن مۇئاۋىن باشلىقلىرى، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارلىرى، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مەھكىمە باشلىقى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ قىسمەن مۇئاۋىن رەئىسلىرى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ ئەزالىرى دۆلەت ئوردېنى ۋە دۆلەت شەرىپى نامى بېرىش مۇراسىمغا قاتناشتى.

مەركەزدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىدىكى ۋە بېيجىڭ شەھىرىدىكى مەسئۇل يولداشلار، دۆلەت ئوردېنى ۋە دۆلەت شەرىپى نامىغا ئېرىشكەنلەر ھەمدە ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى ۋەكىللىرى، تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرى ۋەكىللىرى، 1 ـ ئاۋغۇست تۆھپە ئوردېنىغا ئېرىشكۈچىلەر، مەملىكەتلىك ئۈلگىلىك نەمۇنىچى شەخسلەر ۋەكىللىرى، ئالاقىدار دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى، ھەر ساھەدىكى كادىر، ئامما ۋەكىللىرى قاتارلىق تەخمىنەن 1000 كىشى دۆلەت ئوردېنى ۋە دۆلەت شەرىپى نامى بېرىش مۇراسىمغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«كومپارتىيە بولمىسا، يېڭى جۇڭگو بولمايتتى...» كىشى قەلبىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان مېلودىيەنىڭ ياڭرىشىغا ئەگىشىپ، چوڭ تىپتىكى مۇزىكا ئۇسسۇللۇق تارىخىي داستان «كۆرەش قىلايلى جۇڭخۇا ئوغۇل ـ قىزلىرى»نىڭ پەردىسى ئېچىلدى.

كېچىلىك «كۆرەش قىلىش»نى ئاساسىي لىنىيە قىلغان بولۇپ، جەمئىي تۆت بۆلەككە بۆلۈنگەن.

1 ـ بۆلەك «قان كېچىپ كۆرەش قىلىش» باشلىنىشى بىلەن، سىمفونىيە ۋە ئۇسسۇل «قوزغال، قوزغال» كىشىلەرنىڭ ئەسلىمىسىنى جۇڭخۇا مىللىتى ئېغىر ئازاب ـ ئوقۇبەت چەككەن يىللارغا ئېلىپ باردى، ئارقىدىنلا جۇشقۇن ناخشا ـ ئۇسسۇل «ئىنتېرناتسىيونال شېئىرى»دا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ مىسلىسىز ئۇلۇغ ۋەقە قايتا نامايان قىلىندى، سىمفونىيە، خور ۋە ئۇسسۇل «نەنچاڭ قوزغىلىڭى» «شىجياڭيۈ . جىڭگاڭشەن» «قارلىق تاغ، ئوتلاقلاردىن ئۆتۈش» «يەنئەنگە مەدھىيە» «نەرە تارت خۇاڭخې» «چاڭجياڭ دەرياسىدىن ئۆتۈش، چاڭجياڭ دەرياسىدىن ئۆتۈش» قاتارلىقلاردا ۋاقىت تومۇرى ئارقىلىق، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ جۇڭگو خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، 28 يىل مىسلىسىز جاپا ـ مۇشەققەتلىك كۆرەش قىلىپ يېڭى جۇڭگونى قۇرغان ئۇلۇغ مۇساپىسى جانلىق نامايان قىلىندى.

2 ـ بۆلەك «جاپالىق كۆرەش» يارقىن، ھەيۋەتلىك خور ۋە ئۇسسۇل «شەرق قىزاردى» بىلەن باشلىنىپ، يېڭى جۇڭگونىڭ قايىنام ـ تاشقىنلىققا تولغان سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش يىللىرى ئەسلەپ ئۆتۈلدى. «مەدھىيە ناخشىسى» «قەد كۆتۈرگەن يانچىلار ناخشا ئېيتتى»دا ھەر مىللەت ئوغۇل ـ قىزلارنىڭ يېڭى تۇرمۇشنى باشلىغانلىقىدەك چەكسىز خۇشاللىقى كۈيلەندى، «قەھرىمانلارغا مەدھىيە» «مېنىڭ ۋەتىنىم»دە يۇرتنى مۇھاپىزەت قىلىپ، ۋەتەننى قوغدايدىغان ۋەتەننى سۆيۈش مۇھەببىتى مەدھىيەلەندى، «بىز داغدام يولدا مېڭىۋاتىمىز» «مەن ۋەتەن ئۈچۈن نېفىت تەقدىم قىلىمەن»دە مىسلىسىز جۈرئەت بىلەن يېڭى بىر دۇنيا يارىتىشتەك جۇشقۇن كۆرەش ئىرادىسى بايان قىلىندى... سىمفونىيەلىك تەسۋىرىي ئويۇن «جۇمھۇرىيەت مۇھەببىتى»دىكى «ئىككى بومبا، بىر سۈنئىي ھەمراھ»نىڭ ئاساسچىسى گو يۇڭخۇەينىڭ دۆلەتكە ئۆزىنى بېغىشلاپ، ئايروپىلان ھادىسىسىگە ئۇچراشتىن ئىلگىرى بەدىنى بىلەن قىممەتلىك ھۆججەتلەرنى قوغداپ قالغانلىق كۆرۈنۈشى نەق مەيداندىكى ھەربىر كىشىنى تەسىرلەندۈردى.

3 ـ بۆلەك «ئىنتىپاقلىشىپ كۆرەش قىلىش»تا ناخشا ۋە ئۇسسۇل ئارقىلىق ئىسلاھات ئېچىۋېتىش ئىشلىرىغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببەتلىك مەدھىيە ئىپادىلەندى. «قەدەھ ناخشىسى» «ئۈمىدلىك دالىدا» «باھارنىڭ ھېكايىسى» «يېڭى دەۋرگە كىرىش» «جياڭشەن» قاتارلىقلاردا دۆلەتنىڭ تەرەققىي قىلىپ گۈللەپ ياشنىغانلىقى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ بەختلىك، گۈزەللىكى مەدھىيەلەندى؛ «شەرقتىكى مەرۋايىت» «يەتتە پەرزەنت ناخشىسى» «يۇرتۇمنىڭ بۇلۇتى» قاتارلىقلاردا ۋەتەنگە بولغان چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەببەت، دۆلەتنىڭ بىرلىككە بولغان قىزغىن، سەممىي ئارزۇ ئىپادىلەندى؛ «يار ئېغىزدىكى جەڭ» «ھايات ـ ماماتتا ئايرىلماسلىق» «چاڭجياڭ دەرياسى ناخشىسى» قاتارلىقلاردا جۇڭخۇا ئوغۇل ـ قىزلىرىنىڭ قان قېرىنداشلىق، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىدىغان قۇدرەتلىك كۈچى نامايان قىلىندى. ھەربىر كىلاسسىك ناخشا ـ مۇزىكا، ھەربىر بۆلەك قالتىس نومۇرلار كىشىلەرگە داۋالغۇپ ئۆزگەرگەن، ئالەمشۇمۇل تەرەققىيات مۆجىزىلىرىنى قايتا ئەسلەتتى.

4 ـ بۆلەك «كۆرەش قىلايلى جۇڭخۇا ئوغۇل ـ قىزلىرى»دا پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ يېڭى دەۋرگە كىرگەنلىكىدەك ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈش نامايان قىلىندى. دېكلاماتسىيە «خەلققە ئېھتىرام»دا خەلقنىڭ تەبىئەتنى ئۆزگەرتىشتەك ئۇلۇغ كۈچى كۈيلەندى، ناخشا ـ ئۇسسۇل «جاھاندا چاقنىغان جۇڭخۇا»غا خۇۋاشيا ئوغۇل ـ قىزلىرىنىڭ ۋەتىنىنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقى، گۈللەپ ياشنىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرۈشتەك چوڭقۇر مۇھەببىتى مۇجەسسەملەندى، «بىرسىمۇ كەم بولسا بولمايدۇ»دا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى مۆجىزىلەر خاتىرىلەندى، «ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش جەڭ مارشى»دا يېڭى دەۋردىكى ھەربىيلەرنىڭ مەردانە جاسارىتى ئىپادىلەندى، «مېنىڭ سۈزۈك سۈيۈم، يېشىل تېغىم»دا يېشىل تەرەققىياتنىڭ جانلىق ئەمەلىيىتى سۈرەتلەندى، «تىنچلىق —— تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى»دە ئۆزئارا ھەمدەم بولىدىغان گۈزەل كەلگۈسىگە چاقىرىق قىلىندى، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماسلىق» «گۈللىنىشنىڭ كۈيى»دە چوڭقۇر مۇھەببەتلىك مېلودىيە ۋە تەسىرلىك ناخشا تېكىستى ئارقىلىق، «مىڭلىغان تاغ ـ دەريالاردىن ئۆتسەكمۇ كەلگەن يولىمىزنى ئۇنتۇمايمىز» دېيىدىغان تەنتەنىلىك ۋەدە مەدھىيەلەندى، «ھەممە بىر نىيەتتە ئالغا قاراپ ئاتلىنىش»تەك ئۇلۇغۋار ئىرادە مەدھىيەلەندى.

«كۆرەش قىلايلى جۇڭخۇا ئوغۇل ـ قىزلىرى، يېڭى دەۋرنىڭ قەدىمىنى توسۇپ قالغىلى بولمايدۇ. كۆرەش قىلايلى جۇڭخۇا ئوغۇل ـ قىزلىرى، يېڭى دەۋرنىڭ ئىستىقبالى چەكسىز پارلاق...» كېچىلىك چوڭ تىپتىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل «كۆرەش قىلايلى جۇڭخۇا ئوغۇل ـ قىزلىرى» بىلەن ئاياغلاشتى. سارايى ئىچى چىراغلار چاقناپ، ناخشا ۋە ئالقىش سادالىرى ياڭراپ شادلىق دېڭىزىغا ئايلاندى، كەيپىيات يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى.

پۈتۈن مەيداندىكىلەر ئورنىدىن تۇرۇپ، بىرلىكتە «ۋەتىنىمىزنى كۈيلەيمىز»نى يۇقىرى ئاۋازدا ئېيتتى. شى جىنپىڭ قاتارلىقلار سەھنىگە چىقىپ، كېچىلىكتىكى ئارتىس، خىزمەتچى خادىملار بىلەن سەممىمىي قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، ئويۇننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىنى تەبرىكلىدى ھەم كۆپچىلىك بىلەن سۈرەتكە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇردى، پۈتۈن مەيداندا ئۇزاققىچە قىزغىن ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى.

بېيجىڭدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزالىرى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىلىرى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىرى، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارلىرى، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مەھكىمە باشلىقى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى ھەمدە مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ ئەزالىرى كېچىلىكنى كۆردى.

كېچىلىكنى كۆرۈشكە قاتناشقانلاردىن يەنە: مەركەزدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرى ۋە بېيجىڭ شەھىرىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار، ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار مەركىزىي كومىتېتلىرى، مەملىكەتلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە پارتىيە ـ گۇرۇھسىز زاتلار ۋەكىللىرى، پېشقەدەم يولداشلار ۋەكىللىرى، «جۇمھۇرىيەت ئوردېنى» «دوستلۇق ئوردېنى» «1 ـ ئاۋغۇست ئوردېنى» ۋە دۆلەت شەرىپى نامىغا ئېرىشكۈچىلەر ۋەكىللىرى، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئىلغار، نەمۇنىچى شەخسلەر، پۈتۈن مەملىكەتتىكى نۇقتىلىق نەپىقە ئوبيېكتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى، ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرى، شياڭگاڭلىق ـ ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار، تەيۋەنلىك قېرىنداشلار، چەت ئەللەردىكى چياۋمىن قېرىنداشلار ھەم ۋەتەنگە قايتقان چياۋمىنلار، چياۋمىنلار ئائىلە تەۋەلىرى ۋەكىللىرى، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى، ھەرقايسى خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ۋەكىللىرى ۋە جۇڭگودا خىزمەت قىلىۋاتقان چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەر ۋەكىللىرى، ئازادلىق ئارمىيە ۋە قوراللىق ساقچى قىسمىدىكى ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر ۋەكىللىرى، پايتەختتىكى ھەر ساھە ئامما ۋەكىللىرى قاتارلىقلار بار.